# نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (21)

ئەركىن سىدىق
2016-يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنى

خىزمىتى ياكى كەسپىدە ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا چىقىشقا تېگىشلىك بەزى كىشلەر ئۇنداق قىلالمايدۇ. ئۇلاردا زورۇر بولغان تالانتلارنىڭ ھەممىسى بار تۇرۇپمۇ، يەنىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمايدۇ. پەيلاسوپ رالف ۋالدو ئېمېرسون (Ralph Waldo Emerson) ئاشۇنداق كىشلەرنى چۈشىنىپ، مۇنداق دېگەن: «تالانتنىڭ ئۆزى بىر كىچىك پەدەزلىگۈچى ۋە باشقىلارغا كۆرسىتىدىغان ئويۇنغا ئوخشايدۇ. ئۇنىۋېرسال ھەقىقەت ئۈچۈن خۇشاللىق بىلەن خىزمەت قىلدۇرۇلغان تالانت ئاشۇ تالانتنىڭ ئىگىسىنى بىر يېڭى ھوقۇق پەللىسىگە چىقىرىدۇ.»

تالانتنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلامدۇ؟ شۇنداق، ئەمما پەقەت ئىشنىڭ بېشىدىلا شۇنداق قىلىدۇ. رومان يازغۇچى چارلىس ۋىلسون (Charles Wilson) مۇنداق دەيدۇ: «بوتۇلكىنىڭ چوڭلۇقى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قايماق ھەر دائىم ئەڭ ئۈستىگە چىقىدۇ.» تالانت ھەممىدىن بەك گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ كىشلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئەڭ بېشىدا تالانت سىزنى باشقىلاردىن پەرقلىق ئورۇنغا ئېرىشتۈرىدۇ. سىزنى باشقىلاردىن بەكرەك ئىلگىرىلىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئىي تالانت ھاياتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سوۋغىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ پايدىسى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ياشايدۇ. كومپوزىتور ئېرۋىڭ بېرلىن (Irving Berlin) بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ، مۇنداق دېگەن: «مۇۋەپپەقىيەت ھەققىدىكى ئەڭ قىيىن ئىش شۇكى، سىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ مېڭىشىڭىز كېرەك. بۇ جەھەتتە تالانت پەقەتلا بىر باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ بېرەلەيدۇ. سىز يەنە ئۆز تالانتىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ تۇرمىسىڭىز بولمايدۇ. »

كۆپلىگەن تالانتلىق كىشلەر دەسلەپىدە ئىش باشلىغاندا باشقىلارغا قارىغاندا ئەۋزەلرەك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆز تالانتىنى تەرەققىي قىلدۇرماي، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز تالانتىغا مىنىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پايدىلىق ئورنىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئۇلار «پەقەت مېنىڭ تالانتىملا مېنىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىشىمنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ»، دەپ ئويلايدۇ. باشقىلار تالانتقا مىنىۋالغان كىشلەرنىڭ ئالدىغا ئۆچۈپ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى ئۇلار چۈشەنمەيدۇ. تالانت ئۇلار ئويلىغاندىن بەكرەك ئومۇملاشقان نەرسىدۇر. داڭلىق يازغۇچى ستىۋىن كىڭ (Stephen King) مۇنداق دەيدۇ: «تالانت تاماقتا سالىدىغان تۇزدىن ئەرزانراق تۇرىدۇ. تالانتلىق كىشلەر بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك كىشلەرنى پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان نەرسە تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت.» كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش تالانتتىن باشقا نەرسىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى مەزمۇن مەن «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (9)» دېگەن ماقالىدە تونۇشتۇرغان جون ماكسۋېل ( John C. Maxwell) نىڭ «ماكسۋېل كۈنلۈك ئوقۇشلۇقى» دېگەن كىتابىنىڭ 115-بېتى (13-ئاپرېل) نىڭ مەزمۇنى بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسى «ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىڭ» دىن ئىبارەت. مەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزۈم بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان «مۇۋەپپەقىيەت تالانت، تىرىشچانلىق ۋە پۇرسەتتىن ئىبارەت 3 نەرسىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ» دېگەن «مۇۋەپپەقىيەت تەڭلىمىسى» بىلەن بىردەك ئىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلدىم.

مەن ئەمدى رەسمىي مەزمۇننى باشلاپ، يەنە بىر يېڭى قېرىندىشىمىزنى تونۇشتۇرىمەن. ئۇ مەن تونۇشتۇرغان 41-كىشى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى تالانت بىلەن تىرىشچانلىقنى بىرلەشتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزى ئۈچۈن يېڭى پۇرسەتلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىر يېڭى مىسالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىز تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن، يۈكسەك غايە ۋە تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن قاتتىق تىرىشىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە يەنە بىر قىسىم يېڭى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولىسىز. بۇ ئىنىمىز ئۆزى، يۇرتى ۋە خەلقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئۇلۇغۋار نىشان ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىغان، ھەمدە ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىرى بولۇپ، مەن ئۇنىڭدىن ناھايىتىمۇ پەخىرلىنىمەن.

## بىخەتەرلىك سىستېمىسى مۇتەخەسسىسى دوكتور دىلمۇرات تىلىۋالدى (ياپونىيە)




1-رەسىم: ئىنىمىز دىلمۇرات تىلىۋالدى ياپونىيە توكيو دېنكى ئۇنىۋېرسىتېتىدا.

**ئىنىمىز دىلمۇرات تىلىۋالدى 1969-يىلى 8-ئاينىڭ 15-كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزىسىدا دوختۇر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى تىلىۋالدى قاسىم ھاجىم ئاتۇشنىڭ ئاغۇ يېزىسىدىن. ئانىسى رەيھانگۈل سىدىق ئىلى ۋىلايىتى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ پەنجىم يېزىسىدىن. دىلمۇراتنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇيغۇر دىيارى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ئېقىمى بويىچە، تارىم ۋادىسىغا، يەنى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزىسىغا تەقسىم قىلىنغان. ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئېيتىشىچە، دىلمۇراتنىڭ ئاكىسى 6 ياشقا كىرگەندە ئۇنى مەكتەپكە بەرگەن. دىلمۇرات «مەكتەپكە ئاكام بىلەن بىرگە بارىمەن»، دەپ غەلۋە قىلىپ تۇرۇۋالغان. ئۇ ۋاقىتلاردا يەسلى بولمىغاچقا، دىلمۇراتنىڭ ئاتىسى ئۇنى 5 يېشىدىلا ئاكىسىغا قوشۇپ قويغان. ئويلىمىغان يەردە دىلمۇرات ئىمتىھانلاردا 100 نومۇردىن چۈشمىگەن. شۇنىڭ بىلەن دىلمۇرات ئاكىسى بىلەن بىرگە ئوقۇش ھاياتىنى باشلىغان. ئۆز يۇرتى ئىلى ۋادىسىنى زادى ئۇنتالمىغان ئانىسى رەھبەرلىكتىن غۇلجىغا يۆتكىلىپ كېتىشنى قاتتىق تەلەپ قىلغان. ئاخىرى 1978-يىلى دىلمۇرات 4-سىنىپقا چىققاندا ئانىسىنىڭ يۇرتى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ پەنجىم يېزىسىغا كۆچۈپ كەلگەن.**

**دىلمۇرات پەنجىم يېزىسىدا تولۇقسىز 3-يىللىققا چىققان چېغىدا، گەرچە ئۆگىنىش نەتىجىسى سىنىپنىڭ ئالدىدا بولسىمۇ، ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ تېخىمۇ ئوبدانراق مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇنى غۇلجا شەھەرلىك 7-ئوتتۇرا مەكتەپكە بەك تەستە يۆتكىگەن (7-ئوتتۇرا ئىلگىرى ستالىن ئوتتۇرا مەكتىپى، دەپمۇ ئاتىلاتتى). شۇ يىللىرى ئىلى ۋىلايىتى بويىچىلا ئەمەس، ئۇيغۇر دىيارى بويىچىمۇ ئوقۇش سۈپىتى ئىنتايىن يۇقىرى، نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن 13 يېشىدىلا ئۆيىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ياشاشقا باشلىغان دىلمۇرات غۇلجا شەھىرى مەدرىسە كوچىسى ئەتراپى(بۇرۇنقى 3-ئوتتۇرا مەكتەپ ئەتراپى) دا ئولتۇرۇشلۇق مەرەمساخان ئىسىملىك بىر تەقۋادار، ئاق كۆڭۈل ياشنىپ قالغان ئايالنىڭ ئۆيىدە ئىككى يىل، ئانىسىنىڭ ئاكىسى ئوسمانجان سىدىق (رەھمەتلىكنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن!) نىڭ ئۆيىدە بىر يىل يېتىپ-قوپۇپ، ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغان. 7-ئوتتۇرىغا يۆتكىلىپ كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي چارەكلىك ئىمتىھان ئېلىنغان بولۇپ، دىلمۇرات ماتېماتىكا، فىزىكا، ۋە خىمىيە دەرسلىرىدە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، پەنجىم ئوتتۇرا بىلەن غۇلجا شەھەر 7-ئوتتۇرىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىدىكى پەرقنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنى ھېس قىلغان. ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن. ھەتتا پەنجىمگە قايتۇرۇپ ئەكەتمەكچى بولغان. دىلمۇرات ئۇلارغا يالۋۇرۇپ، ئازراق پۇرسەت بېرىشنى ئۆتۈنۈپ، بەك تەستە ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغان. شۇ چاغلاردا سىنىپتىكى بىر قىسىم «بايۋەچچە، شاڭخوچى بالىلار» ئۇنى «پەنجىملىك سەھرالىق»، دەپ دائىم زاڭلىق قىلىشقان. دىلمۇرات قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئۆزىنى بۇ شەھەرلىكلەرگە بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولغان. ئۇ چاغلاردا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بەكلا**

**تۆۋەن بولغاچقا، ھەممە ئادەم ئىنتايىن ئىقتىسادچانلىق بىلەن تىترەپ تۇرۇپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. مەرەمساخان چوڭ ئانىسى گەرچە دىلمۇراتقا بەك ئامراق بولسىمۇ، توك پۇلىنى تېجەش ئۈچۈن كەچ سائەت 9 بولغاندا دەرھال توكنى ئۆچۈرۈپ، يېتىشنى تەلەپ قىلاتتى. دىلمۇرات سائەت 9 دا يالغاندىن ئۇخلاپ قالغان كىشى بولۇۋالاتتى-دە، ئازراق ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ، مەرەمساخان چوڭ ئانىسى ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن ئاستا قوپۇپ، توكنى ياندۇرۇپ، يەنە 2-3 سائەت ئوغرىلىقچە ئۆگىنىش قىلاتتى. بۇنى مەرەمساخان چوڭ ئانىسى بىلمەيتتى (كېيىنكى كۈنلەردە دىلمۇرات خىزمەتكە چىقىپ، مەرەمساخان چوڭ ئانىسىنى يوقلاپ بارغاندا بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭغا دەپ بەرگەندە، ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ، يىغلاپ كەتكەن، ۋە دىلمۇراتقا ئۇزۇن-ئۇزۇن دۇئالارنى قىلغان. رەھمەتلىكنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن! ئۇ نۇرلار ئىچىدە ياتقاي، ئامىن!). دىلمۇرات كىرلىرىنى قول بىلەن ئۆزى يۇيغان. مەرەمساخان چوڭ ئانىسىغا ياردەملىشىپ، ھەر كۈنى چېلەك بىلەن ئۆيگە سۇ ئەكەلگەن، ھويلىلارنى سۈپۈرگەن، قىش كۈنلىرى ئۆگزىدىكى قارلارنى تازىلىغان. ئۆيدىن كىچىك ئايرىلىش ئۇنىڭدا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مۇستەقىل ياشاش، ھەمدە قىيىنچىلىققا باش ئەگمەسلىك روھىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى ياراتقان. دىلمۇرات دەرستە ئىنتايىن تېز ئىلگىرىلىگەن بولۇپ، 2-يىلدىكى نەتىجىسى بىراقلا سىنىپتىكى ئالدىنقىلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.**



2-رەسىم: دادىسى ئىلىۋالدى قاسىم ھاجىم بىلەن ياپونىيەدە چۈشكەن رەسىمى.



3-رەسىم: ئائىلە ئەزالىرى: ئايالى گۈلنار مىجىت، ئوغلى بۇغرا، ۋە قىزى دىلنار (ياپونىيەنىڭ توكيو شەھىرىدىكى دىلمۇرات ئائىلىسى ھازىر ئولتۇرۇشلۇق مەھەللە).

دىلمۇرات 1985-يىلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ، شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغان (شۇ يىلى ئۇيغۇر دىيارى بويىچە جەمئىي 20 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان). ئۇ چاغدا مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا بېرىپ، ئىككى يىل خەنزۇچە تەييارلىق سىنىپىدا ئوقۇش شەرت ئىدى. تەييارلىقنى پۈتتۈرگەن يىلى ئۇيغۇر دىيارى مائارىپ كومىتېتى بىلەن شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرىسىدىكى توختام بۇزۇلۇپ، دىلمۇراتنىڭ شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارىدىغان ئىشى يوق بولغان. شۇ يىلى تەييارلىق سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان 30 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدىن، دەرس نەتىجىسى ۋە ئۆز تەلىپىگە ئاساسەن، 7 نەپەر ئوقۇغۇچى تاللىنىلىنىپ، شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەقسىم قىلىنغان. دىلمۇرات بولسا شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلېكترىلەشكەن مائارىپ فاكۇلتېتىغا تەقسىملەنگەن. ئۇ شۇ خۇشاللىقى بىلەن تەتىلدە يۇرتقا قايتقان. ئۇ ئاتا-ئانىسىغا بۇ خۇشاللىقنى بالدۇرراق يەتكۈزۈشنى ئويلايتتى. غۇلجىغا بېرىپ كۆتمىگەن بىر شۇم خەۋەرنى ئاڭلىدى: دىلمۇراتنىڭ ئانىسى ئۇ كېلىشتىن 11 ئاي بۇرۇن، يەنى 1986-يىلى 9-ئاينىڭ 19-كۈنى 42 يېشىدا راك كېسەللىكى سەۋەبلىك 5 بالىنى تاشلاپ ئۇ دۇنياغا كەتكەن ئىدى. دادىسى ۋە تۇغقانلار ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە دەخلى يېتىپ قالمىسۇن، دەپ، بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزمىگەن. ھەتتا بېيجىڭدا بىرگە ئوقۇۋاتقان ساۋاقداشلىرى ۋە ئۇستازلىرىمۇ دىلمۇراتنى ئاياپ، ساق 11 ئاي بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن سىر تۇتۇپ كەلگەن. نېمە دېگەن مېھرىبان ساۋاقداشلار-ھە! ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن. ئانىسىنىڭ ياش ئۆلۈمى ئۇنى ئېغىر ئازاب ۋە قايغۇغا سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ تېخىمۇ ئىرادىلىك بولۇشىغا يەنە بىر سەۋەب بولدى. دىلمۇرات 5 بالا بىلەن قالغان بىچارە دادىسىنىڭ يۈكىنى بالدۇرراق يەڭگىللىتىشنى ئويلايتتى. 6 ياش ۋە 8 يېشىدىلا يېتىم قالغان ئىككى كىچىك سىڭلىسىغا بەكلا ئىچى ئاغرىيتتى. ئۇ يىغا-زار ئىچىدە تەتىلنى توشقۇزۇپ، 1987-يىلى 9-ئايدا شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا يېتىپ كەلدى.

دىلمۇراتنىڭ ياپونىيەگە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسى مۇشۇ يەردىن باشلاندى. شۇ چاغدا شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياپون تىلى تەييارلىق مەكتىپىدە، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلىرىدىن تاللانغان ياش ئوقۇتقۇچىلار ياپونغا ئوقۇشقا چىقىش ئۈچۈن ياپون تىلى ئۆگىنىۋاتاتتى. باشقا ئوقۇغۇچىلار ئۇلاردىن بەك پەخىرلىنەتتى. مەكتەپتىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇلارغا ھەۋەس قىلىپ، ئېغىزلىرىنى چاكىلدىتاتتى. دىلمۇرات ئالىي مەكتەپتىكى 4 يىللىق ھاياتىدا ھەر يىلى ئۇيغۇر دىيارىدىن كېلىدىغان بۇ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىر ئاشخانىدا تاماق يېيىش، ۋە بىر قىسىم پائالىيەتلەردە بىرگە بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە دوكتور ئۆمەرجان ساۋۇت (ھازىر ياپونىيەدە)، دوكتور ئابدۇغوپۇر ئابدۇكېرىم (ھازىر ياپونىيەدە)، ۋە دوكتور دىلشات ئابلا (ھازىر ياپونىيەدە) لەرنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن تەسىرى زور بولدى (ئۇ قېرىنداشلار ياپونىيەدە ھازىرمۇ دىلمۇراتنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولماقتا). دىلمۇراتنىڭ قەلبىگە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن چوقۇم ياپونغا چىقىپ ئوقۇشتىن ئىبارەت بىر كۈچلۈك ئوت كىرگەن ئىدى. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا دىلمۇرات ئۆز خىراجىتى بىلەن ياپونغا ئوقۇشقا چىقىشنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى بىر ئادەمنىڭ مائاشى بىلەن 5 بالىنى ئاران ئوقۇتۇۋاتقان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇشقا چىقىشتىن ئىبارەت بىرلا يول بار ئىدى. دىلمۇرات 1991-يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۇيغۇر دىيارى مائارىپ ئىنستىتۇتىغا خىزمەتكە چىقتى. پۈتۈن خىيالى بالدۇرراق ياپونىيەگە ئوقۇشقا چىقىش ئىدى. خىزمەتتىن باشقا ۋاقىتلىرى ياپون تىلىنى ئاساسلىق، ئىنگلىز تىلىنى قوشۇمچە ئۆگىنىش بىلەن ئۆتەتتى. سومكىسىدىن ياپون تىلى ۋە ئىنگلىز تىلى كىتابىنى ئايرىمايتتى. ئاپتوبۇسلاردا، مەكتەپتىكى ئۆزۈنىغا سوزۇلغان يىغىنلاردا، ۋە ئۆچرەت ساقلىغان چاغلاردا بۇ كىتابلارنى ۋاراقلايتتى. ھەتتا ئۆيىنىڭ ھاجەتخانىسىغىمۇ ياپون تىلى ۋە ئىنگلىز تىلى سۆزلۈكلىرى قويۇقلۇق ئىدى. ئۇنىڭ ياپونغا چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە قانچىلىك بەدەل تۆلىگىنىنى ئاللاھتىن قالسا، ئۇنىڭ قەيسەر دادىسى تىلىۋالدى قاسىم ھاجىم، سۆيۈملۈك ئايالى گۈلنار مىجىت ۋە ئۆزىلا بىلەتتى. دادىسى ئۇنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئارقا تىرىكى، ئايالى ئۇنىڭ ئەڭ سادىق ياردەمچىسى بولۇپ كەلگەن ئىدى.

دىلمۇرات 1996-يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياپون تىلى مەكتىپىگە بېرىپ، بىر يىل ياپون تىلى ئۆگىنىش سالاھىيتىگە ئىگە بولدى. بۇ بىر يىل ئۇنىڭ ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ئوبدان پۇرسەت بولدى. ئۇ ياپون تىلىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. بولۇپمۇ ياپونچە سۆزلىشىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، دەرھال مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ئابدۇراخمان (ھازىر ئامېرىكىدا) بىلەن بىرلىشىپ، «ياپون تىلى كۇرسى» ۋە «ئىنگلىز تىلى كۇرسى»

ئاچتى (دوكتور ئابدۇراخمان ئىنتايىن ترىشچان، زېھنى ئۆتكۈر، كەلگۈسىگە زور ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمىزنىڭ بىرى). ئۇلارنىڭ مەقستى شۇ دەۋردىكى ياشلارنى چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ۋە ئۇلارغا چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش پۇرستى ھازىرلاپ بېرىش ئىدى. ئۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە ياپون تىلى ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى. كۇرسنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ چەت ئەل تىلى سەۋىيسىمۇ خېلى تەرەققىي قىلدى. بۇ كۇرسنى دىلمۇرات تاكى 2001-يىلى ياپونىيەگە ئوقۇشقا چىققۇچە قەدەر داۋاملاشتۇردى.

2001-يىلى 5-ئايدا دىلمۇرات ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن تەتقىقاتچى سۈپىتىدە ياپونىيەنىڭ توكيو دېڭىز ئۇنىۋېرستېتىغا بىر يىللىق ئوقۇشقا چىقىش سالاھىيتىگە ئىگە بولدى. ياپونغا كەلگەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 2002-يىلى 2-ئاينىڭ 17-كۈنى، دىلمۇرات ئۆزى تۇرۇشلۇق ھىگاشى ماتسۇياما شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 3-قېتىملىق چەت ئەللىكلەرنىڭ ياپون تىلى لېكسيە سۆزلەش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ ئىچىدە ياپونغا كەلگىنىگە 7-8 يىل بولغانلارمۇ بار بولۇپ، بۇ نەتىجىدىن دىلمۇراتنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى تېخىمۇ ئاچتى .ئۇ ياپوندا ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئوقۇش جەريانىدا ياپوندىكى ئىككى چوڭ ئوقۇش پۇلى مۇكاپاتى تارقىتىش تەشكىلاتى، يەنى «يونېياما روتارىي ئوقۇش پۇلى مۇكاپاتى تارقىتىش تەشكىلاتى» (米山奨学金) ۋە «توكيۇ چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۇلى مۇكاپاتى تارقىتىش تەشكىلاتى» (とうきゅう外来留学生奨学金) نىڭ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ نەتىجىلەرنى ئۇ يالغۇز «تەلىيىم كەلدى»، دەپ ھېسابلىمىدى. بۇنىڭغا ياپونلارنىڭ «ئىنسان تەقدىرىنى 50 پىرسەنت تىرىشچانلىق، 50 پىرسەنت تەلەي بەلگىلەيدۇ»، دېگەن سۆزى جاۋاب بولالايدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ ياپونىيەگە كېلىپ تەۋرەنمەس ئىرادىلىك، ئىنتايىن كەسكىن، ۋە ئىنتايىن «رەھىمسىز»، بۇرۇندىنلا يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيتىگە قىزىقىدىغان كوئىزۇمى ھىسائو ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچىغا يولۇقۇشنى، دىلمۇرات ئۆز ھاياتىدىكى ئۇنىڭغا كەلگەن ئەڭ چوڭ تەلەينىڭ بىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتى.

دىلمۇرات بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكلىشىدە 2002-يىلىدىن 2007-يىلىغىچە «يىراق مۇساپىلىك ئىنتېرنېت ئوقۇتۇش مائارىپى» كەسپىدە ماگىستىرلىقتا ئىككى يىل، دوكتورلۇقتا 3 يىل ئوقۇدى. ئۇنىڭ تەتقىقات تېمىسى «ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان يىراق مۇساپىلىك ئىنتېرنېت ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى لايىھەلەش ۋە ئەمەلىي قوللىنىش» ئىدى. ئۇيغۇر دىيارى 2 چوڭ ئويمانلىق ۋە 3 چوڭ تاغ تىزمىسى بىلەن ئورالغان ئۆزگىچە يەر شەكلى ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر زېمىن بولغاچقا، ئۇنىڭ تېمىسىغا ماس كېلىدىغان تەتقىقات ۋە ئىلمىي ماقالىلەر ئاساسى جەھەتتىن يوق ئىدى. ھەممە ئىشنى نۆلدىن باشلىشىغا توغرا كېلەتتى. تەتقىقات بۆلۈمىدىن ھەممە كىشىلەردىن كېيىن (كەچ سائەت 12 دىن ئاشقاندا) قايتىش، ۋە ھەر كۈنى 4 سائەت ئەتراپىدىلا ئۇخلاش ئۇنىڭ ئۇچۇن ئادەتتىكى كۈن تەرتىپكە ئايلانغان ئىدى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان ئوغلى بۇغرا ئالللىقاچان ئۇخلاپ قالاتتى. ئەتىسى ئوغلى قوپۇشتىن بۇرۇن ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ تاتلىق ئوغلى بىلەن نەچچە كۈنلەپ پاراڭلىشالمايدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولاتتى. گەرچە دىلمۇرات قاتتىق چارچىسىمۇ، ئىرادىسىنى بوشاشتۇرمىدى. چۈنكى بۇ ئۆزى تاللىغان، ئۆزى ياخشى كۆرگەن يول ئىدى. يالغۇز ياپونىيەدىلا ئەمەس دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ بۇ يولغا ئۆزىنى ئاتىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئوخشاشلا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇ ئىلگىرىكىلەر بېسىپ ئۆتكەن يول ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئوقۇتقۇچىسى كوئىزۇمى ھىسائونىڭ دائىم تەكىتلەيدىغان «ئادەم پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشسا قىلالمايدىغان ئىش بولمايدۇ، مەسىلە سېنىڭ قىلغۇڭ بار-يوقلۇقىدا» دېگەن سۆزى دىلمۇراتنىڭ روھىنى ئۇرغۇتاتتى. دىلمۇرات دوكتورلۇق ئوقۇش جەريانىدا ياپونىيەدىكى داڭلىق ئىلمىي ماقالە ژۇرنىلى «دېنكى گاككاي (電機学会)» دا 3 پارچە ئىلمىي ماقالە، خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا 2 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ياپونىيە دۆلەت ئىچىدىكى ئىلمىي ماقالە يىغىنلىرىدا 14 قېتىم ئىلمىي ماقالە ئوقۇدى. 2007-يىلى 3-ئايدا ئوقۇشلۇق ھالدا توكيو دېڭىز ئۇنىۋېرستېتىنىڭ «ئۇچۇر ئىلمى» كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.




4-رەسىم: ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا سەھنىگە چىقىپ دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى تاپشۇرۇپ ئېلىۋاتقان كۆرۈنۈش. مۇنبەر ئالدىدىكى دوپپا كىيىۋالغان يىگىت دىلمۇرات بولىدۇ.



5-رەسىم: ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا ئالاھىدە كېلىپ قاتناشقان دىلمۇراتنىڭ ياپونىيەدىكى ئۇستاز ۋە يېقىن دوستلىرى. سولدىن 1-كىشى دىلمۇراتنىڭ يېقىن دوستى ماھمۇت ياسىن (توكيو چىش ئىلمى تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن). سولدىن 2-كىشى: سۇزۇكى ئەپەندى بولۇپ، بۇ كىشى ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ياپونىيەگە چىقىپ ئوقۇشىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى. ئىلگىرى ياپونىيە شەخسىي ئالىي مەكتەپلەر بىرلەشمىسى (日本私立大学協会) نىڭ رەئىسى، شىنجاڭ مائارىپ كومىتېتىنىڭ پەخرى مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىن دوستى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ياپونىيەدىكى ئۇيغۇر دىيارىدىن كەلگەن ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ كەلگەن. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ۋاپات بولدى. ئۇ دىلمۇراتنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا ئالاھىدە كېلىپ قاتناشقان، ۋە دىلمۇراتقا گۈل سوۋغا قىلغان ئىدى. ئوڭدىن 1-كىشى دىلمۇراتنىڭ يېقىن دوستى ئەكرەم ئىسلام (توكيو گاكۇگېي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن).

**ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇستازى كوئىزۇمى ھىسائو ئۇنىڭ توكيو دېڭكى ئۇنىۋېرسىتېتىدا قېلىپ ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. دىلمۇرات ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى چىرايلىق رەت قىلدى. سەۋەبى، ئوقۇتقۇچىلىقتىن**

ۋاقتىلىق قول ئۈزۈپ، رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن بولغان ياپونىيە شىركەتلىرىگە كىرىپ، ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم سىناش ۋە تاۋلاش ئىرادىسىگە كەلگەن ئىدى. يەنى ياپونىيەنىڭ داڭلىق شىركەتلىرىنىڭ بىرەرسىگە كىرىپ ئىشلەپ، ئاۋۋال يېڭى تېخنىكىلارنى ئىگىلەش، ئاندىن كېيىن ئۆزىدىكى بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ نەتىجە يارىتىش، ئاخىرقى ئۆمرىدە بولسا يەنە ئوقۇتقۇچىلىق سېپىگە قايتىپ كېلىپ ئوقۇغۇچى تەربىيىلەشنى ئۆزىگە نىشان قىلغان ئىدى . ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۈزۈن ئۆتمەي، يەنى ،2007-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ ياپونىيەدىكى 10 چوڭ ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى تەتقىق قىلىپ ياساش شىركەتلىرىنىڭ بىرى بولغان مىتسۇبىشى گۇرۇھىنىڭ « MITSUBISHI ELECTRIC INFORMATION NETWORK» شىركىتىگە ئىشقا چۈشتى. خىزمەتكە چۈشكەندىن بېرى شىركەتنىڭ بىر قانچە خىل يېڭى تېپتىكى بىخەتەرلىك سىستېمىسىنىڭ تەتقىقات ۋە ئىنژېنېرلىق خىزمىتىگە قاتناشتى. ھازىر شىركەتنىڭ خەلقئارالىق «Cloud SAP Service Department» بۆلۈمىدە ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئىنىمىز دىلمۇرات يالغۇز كەسپىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىپ، ۋە ئۆز ئائىلىسىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ تۇرۇپ ياشاپلا قالماي، ئۇ يەنە ئايالى گۈلنار بىلەن بىرلىكتە توكيو رايونىدىكى ئۇيغۇر جامائىتى ئارىسىدا ئىلىم-پەن ئالماشتۇرۇش، مەدەنىيەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياپونلارغا ئۇيغۇرلارنى توغرا تونۇشتۇرۇش ئىشلىرىدا ئىزچىل تۈردە تايانچلىق ۋە باشلامچىلىق رولىنى ئويناپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋاقتىنىڭ قىسلىقىغا قارىماي، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۆز قولىدىن كېلىدىغان خىزمەتلەرنى قىلىپ تۇرۇپ ياشاش روھى بىلەن، 2015-يىلى ئۆكتەبىردە ئىستانبۇلدا ئېچىلغان ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسىنىڭ يىللىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئۇنىڭدا بىر مەيدان ئىلمىي دوكلات بەردى. تۆۋەندىكى بىر قانچە پارچە رەسىمدىكىسى دىلمۇرات ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىۋاتقان ۋاقتىدىكى كۆرۈنۈشلەر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 6- ۋە 7-رەسىملەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى مۇنداق: 2011-يىلى 3-ئاينىڭ 11-كۈنى ياپونىيەنىڭ شەرقىي شىمال رايونىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ تىپتىكى يەر تەۋرەش ۋە دېڭىز تاشقىنى ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئۆلگەن ۋە ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلەرنىڭ سانى 19 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قوللىرىنى سۇنۇپ كەلگەن ياپونىيە ھۆكۈمىتى ۋە ياپونىيە خەلقىگە ئازراق بولسىمۇ كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن دىلمۇرات ياپونىيەنىڭ سايتاما رايونى ساكادو شەھرىدە ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ۋە خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەپ، 2011-يىلى 11-ئاينىڭ13-كۈنى توكيو دېڭىكى ئۇنىۋېرستېتىنىڭ 1000 كىشىلىك چوڭ زالىدا بىر قېتىم «شەرقىي شىمالدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا ئىئانە توپلاش يىپەك يولى ئۇيغۇر سەنئەت كېچىلىكى» ئورۇنلاشتۇرۇپ، يىغىلغان پۇل ئارقىلىق ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا ياردەم قىلدى. بۇ ئىككى پارچە رەسىم شۇ پائالىيەت جەريانىدا تارتىلغان.



6-رەسىم: ئۇيغۇر 12 مۇقامى چەببيات مۇقامىدىن ئاريە (ياپونيە سايتاما رايونى ساكادو شەھىرى ئۇيغۇر جامائىتى. بۇ پائالىيەتكە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن ۋە يېقىندىن ياردەمدە بولغان قېرىنداشلىرىمىزدىن ئاللاھ رازى بولسۇن).



7-رەسىم: دىلمۇرات بىلەن ئۇنىڭ ئايالى گۈلنار ئورۇنلىغان لەپەر.



8-رەسىم: 2015-يىلى ئۆكتەبىردە ئىستانبۇلدا ئېچىلغان ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسىنىڭ يىللىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىدا. رەسىمدىكى دوكتورلارنىڭ ئىسمى ئوڭدىن سولغا مۇنداق: دىلمۇرات تىلىۋالدى، رىشات ئاbbas، ئەركىن سىدىق، ۋە ئابدۇكېرىمجان توختى.

**دىلمۇراتنىڭ بۈگۈنكى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىگە ئۇنىڭ دادىسى ۋە ئايالىنىڭ تۆھپىسى ئىنتايىن زور بولدى. دادىسى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن دىلمۇراتقا قەيسەر بولۇشنى، ئۆز كۈچىگە تايىنىشنى ئۆگەتتى. دادىسى 5 بالىنىڭ**

ھەممىسنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتتى. دىلمۇرات دادىسىدىن ئىنتايىن پەخىرلىنەتتى. ئۇ دادىسىنى «بىر ھەقىقىي قەھرىمان دادا»، دەيدۇ. دىلمۇراتنىڭ ئايالى ئۇنى باشتىن-ئاخىرى قوللاپ، ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەمدە بولدى. ئۇ بارلىقىنى دىلمۇراتنىڭ تەتقىقاتى بىلەن ئائىلىگە بېغىشلىدى. دىلمۇرات ئايالىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا: «سەن بىلەن توي قىلغىنىم ھاياتىمدا قىلغان ئەڭ توغرا ئىشلىرىمنىڭ بىرى»، دەيدۇ.

دىلمۇرات ناپالئونىنىڭ بىر سۆزىنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. يەنى، بىر ئادەم ناپالئوندىن سوراپتۇ:

--«ئەگەر پۇرسەت بولسا سىز يەنە قانداق ئىشلارنى قىلماقچى؟ »

ناپالئون مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

--«پۇرسەت دېگەن نېمە ئۇ؟ پۇرسەتنى ئادەم ئۆزى يارىتىدۇ.»

ياپونىيەدىكى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە ئۇنىڭغا ئوقۇش مۇكاپاتى بېرىۋاتقان روتارىي تەشكىلاتى ئۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ-ئادىتى، مەدەنىيىتى توغرىلىق لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئوبدانراق تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، ياپونىيەگە چىقىشتىن ئىلگىرى يازغۇچى ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» دېگەن كىتابىنى بىر قېتىم ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتى. ھەممە پۇختا تەييارلىق قىلىپ، روتارىي تەشكىلاتىدىكى ياپونلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى تونۇشتۇرۇپ بەردى. ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ كىتابىنىڭ بىرىنچى بېتىگە مۇنداق ئىبارىلەر يېزىلغان ئىكەن: «ھۆرمەتلىك دىلمۇرات ئەپەندى، سىزمۇ بىر پارچە ھەرىكەتچان ۋەتەن. مەيلى قەيەرگە بارماڭ، كىشىلەر سىز ئارقىلىق بىزنى چۈشىنىشى كېرەك.» بۇ ئىبارىلەر دىلمۇراتقا خۇددى ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. دىلمۇراتنىڭ ياپونىيەگە كەلگىنىگە ھازىر 14 يىل بولدى. ئۇ دائىم «مەن ئۇيغۇرۇم ئۈچۈن زادى نېمە ئىش قىلىپ بېرەلىدىم؟»، دەپ ئويلايدۇ.

دىلمۇرات مۇنداق دەپ ئويلايدۇ: «بىر ھەقىقىي ئۇيغۇر زىيالىيسى ئەڭ ئاۋۋال ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. دەرۋەقە ئابدۇقادىر جالالىدىن دېگەندەك، چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇر ۋەتەنىنىڭ بىر پارچىسى. دۇنيا بىز ئارقىلىق ئۇيغۇرنى تونۇشى، ۋەتەننى چۈشىنىشى كېرەك». بۇ جەھەتتە ئىنىمىز دىلمۇرات تىلۋالدى ھازىرغىچە ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ناھايىتى ياخشى ئادا قىلىپ، ياپونلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجابىي ئوبرازىنى توغرا نامايان قىلىش جەھەتتە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشتى. مەن ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنىڭ ئايالى سىڭلىمىز گۈلنارىدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن.

## دوكتور دىلمۇرات تىلۋالدى ھازىرغىچە ئىلمىي ژۇرناللار ۋە ئىلمىي دوكلات يىغىنلاردا ئېلان قىلغان ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنىڭ تىزىملىكى:

### ئىلمىي ژۇرنال ماقالىلىرى (学術論文誌)


1. ディリムラット　ティリワルディ，高橋稔哉，小泉寿男：「教材のリアルタイム編集機能を持つ同期・非同期融合型遠隔教育支援システムとその実験評価」電気学会論文誌 C, IEEJ　Trans.EIS, Vol.126, No.4, pp474-484, 2006.
2. ディリムラット　ティリワルディ，高橋稔哉，高田昭伸，小泉寿男：「低速回線インターネットをベースとした遠隔協調学習法とその実験評価」電気学会論文誌 C, IEEJ Trans.EIS, Vol.127, No.2, pp253-263, 2007.
3. ディリムラット　ティリワルディ，兼子重人，細村　宰，大細　孝，三井　浩康，小泉寿男：「協調学習における議論場と作業場間の連携支援方法とその実験評価」電気学会論文誌 C, IEEJ　Trans.EIS, Vol.129, No.4, pp744-754, 2009.


### خەلقئارالىق ئىلمىي-دوكلات يىغىن ماقالىلىرى (国際会議論文)


4. Dilmurat TILWALDI, Toshiya Takahashi,Hisao Koizumi,etc :"A Smart Method of Cooperative Learning Including Distant Lectures and Its Experimental Evaluations",EUC2005Workshops, pp.268-277,2005/12/6.

5. Sawamoto, J., Hidekazu Tsuji, Dilmurat Tilwaldi, Hisao Koizumi:“A Proposal of Multi-Agent System Development Framework for Cooperative Problem Solving and its Experimental Evaluation”,The 19th International Conferlance on Advanced Information Networking and Applications(AINA2005)Tamkang University,Taiwan,pp.47-52,2005.

## ياپونىيەدىكى ئىلمىي جەمئىيەتلەر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى (シンポジウム・研究会)

6. 高田昭伸，高橋稔哉，ディリムラット　ティリワルディ，小泉寿男：「共同作業を中心にした遠隔協調学習における支援とその実践評価」電子情報通信学会　IEICE Technical Report　ET2006-61，pp61-66，2006/11.
7. ディリムラット　ティリワルディ，高橋稔哉，高田昭伸，三島雄一郎，細村宰，小泉寿男：「遠隔講義を含めた協調学習法とその評価実験」情報処理学会　マルチメディア・分散・協調とモバイル（DICOMO2005）pp309-312 ，2005/7/7.
8. ディリムラット　ティリワルディ，高橋稔哉，高田昭伸，小泉寿男：「短時間追加講義を含めた遠隔協調学習の方法」　教育システム情報学会研究報告 JSiSE vol.19，pp57-62，2005/1/22.
9. 高橋稔哉，ディリムラットティリワルディ，高柳俊多，三島雄一郎，高田昭伸，小泉寿男：「WebCT を基盤とした教材コンテンツ編集型教育支援システムの提案」DPS ワークショップ，pp143～148，平成 16 年 12 月.
10. ディリムラット　ティリワルディ，高柳俊多，三島雄一郎，高橋稔哉，小泉寿男:「同期・非同期融合型遠隔教育におけるリアルタイム教材編集方式」情報処理学会　DPS 第 113 回研究会会講演論文集，pp385-386，2003/6/20.
11. 高柳俊多，ディリムラット・ディリワルディ，三島雄一郎，高橋稔哉，小泉寿男：「教材のリアルタイム編集機能を持つ同期・非同期融合型遠隔教育支援システムの提案」情報処理学会　DPS 第 115 回研究会，pp 25-30，2003/11/13.

## ياپونىيەدىكى مەملىكەتلىك ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرى (全国大会)

12. ディリムラット　ティリワルディ，高田昭伸，小泉寿男他：「同期・非同期融合型遠隔講義をベースとした協調学習法とその評価実験」平成 17 年度電気関係学会関西支部連合大会講演論文集，pp-G266，2005/11/13.
13. ディリムラット　ティリワルディ，高橋稔哉，高田昭伸，小泉寿男：「短時間追加講義を含めた遠隔協調学習法とその評価実験」平成 17 年度電気関係学会東海支部連合大会講演論文集，pp.O-208，2005/9/15.
14. ディリムラット　ティリワルディ，高柳俊多，三島雄一郎，小泉寿男：「遠隔学習中の学習者理解度確認と講義への反映方式」平成 16 年電気関係学会関西支部連合大会，2004/11/28.
15. ディリムラット　ティリワルディ，高柳俊多，三島雄一郎 ，高橋稔哉，小泉寿男：「低速回線インターネットでも可能な遠隔協調学習方式の提案とその実験評価」平成 16 年電気学会電子・情報・システム部門大会，2004/9/2.
16. ディリムラット　ティリワルディ，高柳俊多，高橋稔哉，小泉寿男：「同期・非同期融合型遠隔教育におけるリアルタイム教材編集方式の実験」平成 15 年電気関係学会関西支部連合大会講演論文集，pp267，2003/11/9.
17. ディリムラット　ティリワルディ他，高柳俊多，三島雄一郎，細村宰，小泉寿男：「遠隔教育におけるリアルタイム教材編集方式の提案」情報処理学会第 65 回全国大会講演論文集，pp385-386，2003/3/26.（学生奨励賞受賞）

18. ディリムラト　ティリワルディ，細村宰：「３Ｄ地図における都市情報の可視化に関する研究」日本リモートセンシング学会　第 31 回学術講演会論文，2001/12/22.
19. ディリムラット　ティリワルディ，細村宰，太田哲雄:「ビデオカメラを用いたモデリグに関する研究」日本写真測量学会　平成 13 年度秋季学術講演会，2001/11/29.

**بۇ ماقالىنى ئىنىمىز «پىداكار» بىلەن سىڭلىمىز دىلبەر خەمىت تەھرىرلىدى.**

**بۇ ماقالىنى ھېچكىمدىن سورىماي، مەنبەسىنى بەرگەن ئاساستا باشقا ھەر قانداق تورغا چىقارسىڭىز، ياكى ئېلكتابقا ئوخشاش باشقا ھەر قانداق شەكىلدە ئىشلەتسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. بۇ ماقالە بارلىق ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ.**